8 - مارت بايرىمىڭلار مۇبارەك، خانىم - قىزلار!

ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا، رەڭگى - رويۇڭ سامان بولماس

1998 - يىل
7 - مارت
شەنبە
№6
(4093)

# يېڭى ھايات

Йеңи һаят

جۇمھۇرىيەتلىك ئىجتىمائىي - سىياسىي «ئۇيغۇر ئاۋازى» گېزىتىنىڭ قوشۇمچىسى 1970 - يىلى 1 - يانۋاردىن باشلاپ چىقىۋاتىدۇ.

## ئەخبارات ئاگېنتلىقلىرى خەۋەرلىرىدىن

پرېزىدېنت نۇرسۇلتان نازاربايېۋ ماراككو كورولى ھاسان 2گە تېلېگرامما ئەۋەتتى. ماراكو كوروللىقىنىڭ مىللىي بايرىمى - سىزنىڭ تەختكە ئولتارغىنىڭىزغا 37 يىل تولۇشىغا باغلىق مېنىڭ سەمىمىي تەبرىكىمنى قوبۇل قىلغايسىز، - دېيىلىدۇ ئۇنىڭدا. دۆلىتىمىزنىڭ رەھبىرى كورولغا ساغلام سالامەتلىك ۋە مۇۋاپپەقىيەتلەر، قېرىنداش ماراككو خەلقىگە تەرەققىيات ۋە گۈللىنىش تىلىدى.

***

جۇمھۇرىيىتىمىز پرېزىدېنتى روسسىيە فېدېراتسىيەسىنىڭ م د ھ غا ئەزا دۆلەتلەر ھەمكارلىشىش بويىچە منىستىرى ئاناتولىي ئادامىشىن بىلەن ئۇچراشتى. سوھبەت ۋاقتىدا دۆلىتىمىز پرېزىدېنتى قازاقستان روسسىيە بىلەن ھەمكارلىشىشقا بىرىنچى دەرىجىلىك ئەھمىيەت بېرىۋاتقانلىقىنى تەكىتلىدى.

***

قازاقستان جۇمھۇرىيىتى پرېمېر - منىستىرىنىڭ مۇئاۋىنى جەنىبېك كەرىبجانوۋ مەتبۇئات - كونفېرېنسىيەسىنى ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭدا ژۇرناىستلار ھۆكۈمەتنىڭ يېزىنى ئېغىر ئەھۋالدىن ئېلىپ چىقىش بويىچە پروگراممىسى بىلەن تونۇشتى.

***

پارلامېنت مەجلىسىنىڭ رەئىسى مارات ئوسپانوۋنىڭ رەھبەرلىكىدىكى دېلېگاتسىيە رەسمىي سەپەر بىلەن گېرمانىيە فېدېراتىۋ جۇمھۇرىيىتىگە ژۈرۈپ كەتتى. مەجلىس مەتبۇئات خىزمىتىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، سەپەر ۋاقتىدا گېرمانىيە بۇندېستاگىنىڭ (پارلامېنتىنىڭ) پرېزىدېنتى رىتا زيۇسسمۇت ياۋروپىدىكى بىخەتەرلىك ۋە ھەمكارلىق كېڭەشى پارلامېنت ئاسامبلېيەسىنىڭ ۋەتنى - پرېزىدېنتى ۋىللى ۋىممېر بىلەن ئۇچراشماقچى.

***

جۇمھۇرىيەت پرېزىدېنتىنىڭ پەرمانىغا بىنائەن مۇداپىئە سانائىتى بويىچە كومىتېت مۇداپىئە منىسترلىكىنىڭ ستروكتۇرىسىغا كىرگۈزۈلدى. مۇداپىئە منىسترلىكىدە بولۇپ ئۆتكەن كېڭەشمە يېڭى شارائىتتا ئىش ئېلىپ بېرىش مەسىلىلىرىگە بېغىشلاندى. ئۇنىڭغا جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ بارلىق رېگىونلىرىدىكى مۇداپىئە سانائىتى كارخانىلىرىنىڭ رەھبەرلىرى قاتناشتى.

***

يېقىندا سەئۇدىيە ئەرەبىستانى كوروللىقىنىڭ مەخسۇس ۋەكىلى ئاقمولىدا بولۇپ قايتتى. ئۇ پارلامېنت سېناتى ئۈچۈن يېڭى بىنا سېلىش مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلدى.

***

شەنبە كۈنى سېربىيەنىڭ جەنۇبىدىكى كوسوۋو ئاۋتونوم ئۆلكىسىدە سېربىيە پولىتسىيەسى ۋە يەرلىك ئالبان تېرروورچىلىرى ئوتتۇرىسىدا قوراللىق توقۇنۇش يۈز بەردى. جۇمھۇرىيەت ئىچكى ئىشلار منىسترلىكىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، ھەر ئىككى تەرەپتىن ئۆلگەنلەر ۋە جاراھەتلەنگەنلەر بار.

ۋاقىە يۈز بەرگەن جايدىن كېلىۋاتقان خەۋەرلەرگە قارىغاندا، ئۆزلىرىنى «كوسوۋونىڭ ئازات قىلىش ئارمىيەسى» دەپ ئاتىغان تېرروورچىلار توپى لىشانى يېزىسى رايونىدا سېرب پولىتسىيەسىنىڭ توپىغا ھوجۇم قىلدى.

ئالبان سېپاراتچىلىرىنىڭ مەنپىيتىگە ۋاكالەتلىك قىلىدىغان كوسوۋو دېموكراتىك ئىتتىپاقىدا ئەستىقلىشىچە، شەنبە كۈنى يۈز بەرگەن توقۇنۇشتا كام دېگەندە 17 ئالبان قازا بولدى. «كوسوۋونىڭ ئازات قىلىش ئارمىيەسىنىڭ» بۇ تېرروورلۇق ھەرىكەتلىرىنىڭ ئاساسىي مەخسىتى كوسوۋونى سېربىيەدىن بۆلۈشتىن ئىبارەت.

***

ئىلگىرى كۆزىتىلگىنىدەك، يەكشەنبە كۈنى بولۇپ ئۆتكەن ئىنگۇشېتىيە پرېزىدېنتىنىڭ سايلىمىدا جۇمھۇرىيەت پرېزىدېنتى رۇسلان ئائۇشېۋ قايتا پرېزىدېنت بولۇپ سايلاندى. ئالدىن ئالا ئېلىنغان مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئۇ سايلىغۇچىلارنىڭ 70 پائىز ئاۋازىغا ئېگە بولدى. رۇسلان ئائۇشېۋ مۇھىم بىلدۈرۈش ئېلان قىلدى: «چېچەنىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ مۇئەمماسى، بۇ بىزنىڭ مۇئەمما، دېدى ئۇ. بىز پەيدا بولۇۋاتقان بارلىق مەسىلىلەرنى ئۆزىمىز — ئادەتلىرىمىز، ئەنئەنىلىرىمىز، قېرىنداشلىق مۇناسىۋەتلىرىمىز ئاساسىدا ھەل قىلىمىز. ئەگەر بۇ مۇئەممانى بىز ئۈچۈن كىمدۇ بىرى ھەل قىلىپ بېرىدۇ دەپ ئۈمۈت قىلساق خاتالاشقان بولىمىز. بىز ئۈچۈن بۇ مۇئەممانى بىر قېتىم ھەل قىلىپ كوردى»، - دېدى ر. ئائۇشېۋ.

***

روسسىيە فېدېراتسىيەسىنىڭ پرېزىدېنتى بورىس يېلتسىن ئىۋان رىبكىننى ۋىتسى - پرېمېر قىلىپ تايىنلىدى. ئەندى ئۇ م د ھ مۇئەممالىرىنى نازارەت قىلىدۇ.

ئىلگىرى روسسىيە فېدېراتسىيەسى بىخەتەرلىك كېڭەشىنىڭ كاتىۋى لاۋازىمىنى ئىگىلەپ كەلگەن ئىۋان رىبكىن شۇ كۈنى روسسىيە پرېزىدېنتى بىلەن ئۇچراشتى. ئۇ ئۇچرىشىشتىن كېيىن ژۇرنالىستلار بىلەن بولغان سوھبەتتە ھۆكۈمەتىمىز چېچەنىستان بىلەن مۇناسىۋەت باغلاش مەسىلىلىرىنى نازارەت قىلىشقا توغرا كېلىدىغانلىقىنى تەكىتلىدى.

***

گرۇزىيە پرېزىدېنتى ئېدۇئارد شېۋاردنادزې روسسىيەنىڭ بەزى بىر ئاممىۋىي ئەخبارات ۋاستىلىرى تارقاتقان پرېزىدېنت ئاغرىقىغا باغلىق ئىستىپاغا كېتىشكە مەجبۇر بولۇۋاتىدۇ دېگەن سۆزلىرىنى رەت قىلدى. دەپ خەۋەر قىلىدۇ ئىتار - تاس س گرۇزىيە رەھبىرىنىڭ مىللىي رادىوغا بەرگەن بىلدۈرۈشىگە ئاساسلىنىپ.



ئۇرلۇق چېگىرىڭدىن توكۇلۇپ شەپقەت، بار گوزەللىكنى سېخى تەبىئەت،
شەھلا كۆزلىرىڭ تۇرىدۇ چاقناپ. پەقەت ساڭىلا بەرگەنمۇ ئاتاپ.

ئۇچقۇن قۇربانىنىيازوۋ چۈشەرگەن سۈرەت.

مىرغىياس سېمەتوۋ

## ئانا — دۇنيا تۈۋرۈكى

مېھرىۋانلىق، كويۇمچانلىق ئانىلاردىن تارالغان.
پەرزەنت دىلى سۈتتەك بولۇپ ئانىلاردىن يارالغان.
ژۇرىگىنىڭ ئوتى لاۋۇلاپ يانغان ئەشۇ ئانىلار
ھاياتلىقنىڭ، ئەڭ مۇقەددەس رەمزى بولۇپ ئاتالغان.

ناخشىلاردا شەرھىلىنىپ كېلەر ئۇنىڭ بايانى،
چېرتىپ قەلب تارلىرىنى چارلار كەڭرى دالانى.
مەدھىيىلىنىپ كېلىۋاتقان گوزەللىگى، پاكلىقى،
ئاڭا بولغان ئېتىقاتنىڭ يوقتۇر چېكى - پايانى.

شۇ تۈپەيلى ھەممە ئۈچۈن باغرى ئۇنىڭ ئوچۇقتۇر،
تەندە بارىن بېغىشلىغاچ ئوكىلالار - كېچىكتۇر.
نە - نەلەردىن ئۇۋاق تارتىپ، سېغىنىشىپ كەلگەندە،
مۇز ئېرىتار كۈن تەپتى بار ئانا قەلبى ئۇيۇقتۇر.

قەلەم ئەھلى چېكىت قويماي، يارىتىپ شاھ ئەسەرلەر،
تۈن ۋە تاڭلار، ئانىلارنى سويۇپ، كويۇپ تەسۋىرلەر.
ئانا بىلەن توققۇزى تەل ئەھلى ئىنسان زاتىنىڭ.
نامى داستان بولۇپ ياڭرار مەڭگۇ ئۇچمەيدۇ ئەسىرلەر.

